# 5220 - گۇناھقا تەۋبە قىلغۇچى، ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟

## سوئال

تەۋبە قىلغۇچى تەۋبە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى تەۋبىنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق قىلسا، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا جەزىم قىلالامدۇ ياكى پەقەت تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىت قىلالامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى پەزىلەتلىك ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد بىن سالىھ ئۇسەيمىندىن سورىغان ئىدۇق، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "ھېچ كىشى ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا جەزىم قىلالمايدۇ، پەقەت تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.